# سىلەرنىڭ بىرىڭلاردىن ئايالى مەسچىتكە چىقىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىسا ئۇنى توسمىسۇن، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغاندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بالىسى بىلال: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ئاياللارنى مەسچىتكە چىقىشتىن توسىمىز، دېدى، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دەرھال بالىسىغا يۈزلىنىپ كېلىپ مەن ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان ئېغىر تىل-ھاقارەت بىلەن ئۇنى تىللاپ مۇنداق دېدى: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توسماسلىق توغرۇلۇق ھەدىسىنى بايان قىلىۋاتسام، سەن: ئاللاھ بىلەن قەسەم توسىمىز دەۋاتامسەن؟ دېدى

ئەبدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلاردىن ئاياللى مەسچىتكە چىقىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىسا ئۇنى توسمىسۇن، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغاندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بالىسى بىلال: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ئاياللارنى مەسچىتكە چىقىشتىن توسىمىز، دېدى، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دەرھال بالىسىغا يۈزلىنىپ كېلىپ مەن ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان ئېغىر تىل-ھاقارەت بىلەن ئۇنى تىللاپ مۇنداق دېدى: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توسماسلىق توغرۇلۇق ھەدىسىنى بايان قىلىۋاتسام، سەن: ئاللاھ بىلەن قەسەم توسىمىز دەۋاتامسەن؟ دېدى. يەنە بىر ئىبارىدە «ئاللاھنىڭ چۆرىلىرىنى مەسچىتلىرىدىن چەكلىمەڭلار» دېگەن

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنىڭ ھەر ئىككى رىۋايىتى بۇخارى ۋە مۇسلىم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: بىرىڭلارنىڭ ئاياللى مەسچىتكە چىقىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىسا ئۇنى مەسچىتكە چىقىشتىن توسمىسۇن، مەسچىتتىكى جامائەت ساۋابىدىن مەھرۇم قىلمىسۇن، دېگەن. بۇ ھەدىستە ئاياللارنىڭ نامازنى مەسچىتتە ئوقۇشى دۇرۇس ئىكەنلىكى چىقىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ باللىرىدىن بىرى بۇ ھەدىس بايان قىلىنغان سورۇندا بار بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدىكىن ھازىرقى زامانىدىكى ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ئۆزگۈرۈپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارنى توسۇش كېرەك دەپ قارىغان ئىدى، شەرئىيتكە ئىتراز بىلدۈرۈش نوقتىسىدىن ئەمەس بەلكى ئاياللارغا بولغان كۆڭۈلدەشلىك ئۈنى «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇلارنى مەسچىتكە چىقىشتىن توسىمىز» دېيىشكە ئېلىپ باردى، دادىسى ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە قارشى تۇرغانلىق دەپ چۈشەندى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى قوغداش ئۈچۈن بالىسىنى ئېغىر تىللار بىلەن تىللىدى ۋە مۇنداق دېدى: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى دېسەم، سەن يەنە توسىمىز دەۋاتامسەن؟ دېدى